# سىلىگە ئوھۇد كۈنىدىنمۇ ئېغىرراق كۈن كەلگەنمۇ؟، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن قەۋمىڭىزدىن كۆلپەتلەرگە يولۇققان، مەن ئۇلاردىن يولۇققان ئەڭ ئېغىرى ئەقەبە كۈنىدىكى كۆلپەتتۇر

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سىلىگە ئوھۇد كۈنىدىنمۇ ئېغىرراق كۈن كەلگەنمۇ؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن قەۋمىڭىزدىن كۆلپەتلەرگە يولۇققان، مەن ئۇلاردىن يولۇققان ئەڭ ئېغىرى ئەقەبە كۈنىدىكى كۆلپەتتۇر، ئۇ كۈنى مەن ئەبدى يالىلنىڭ ئوغلىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدىم، ئۇ مېنىڭ دەۋىتىمگە ئاۋاز قوشمىدى، شۇنىڭ بىلەن غەمكىنلىك چىرايىمغا چىققان ھالدا مېڭىۋېرىپ «قەرنى سەئالىب» دېگەن جايدا ئېسىمگە كەپتىمەن، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ماڭا بىر بۇلۇت سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ، قارىسام ئۇنىڭدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن، ئۇ مېنى چاقىرىپ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزلىرىنى ۋە رەددىيەلىرىنى ئاڭلاپ تاغ پەرىشتىسىنى قەۋمىڭ ھەققىدە خالىغان ئىشقا بۇيرۇشۇڭ ئۈچۈن ئەۋەتتى» دېدى، ئاندىن ئۇ پەرىشتە مېنى چاقىرىپ سالام قىلىپ: ئى مۇھەممەد! ئاللاھ قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىدى، مەن بولسام تاغ پەرىشتىسى، رەببىم مېنى خالىغان ئىشىڭغا بۇيرۇشۇڭ ئۈچۈن خىزمىتىڭگە ئەۋەتتى، ئەگەر سەن خالىساڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەككىنى قورشاپ تۇرغان بۇ ئىككى تاغنى دۈم كۆمتۈرىۋەتەي، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: سىلىگە ئوھۇد كۈنىدىنمۇ ئېغىرراق كۈن كەلگەنمۇ؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دەپ، ئۇنىڭغا تائىپقا بارغانلىق ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بەردى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە قۇرەيشنى دىنغا دەۋەت قىلغاندا ئۇلار چاقىرىقىغا قۇلاق سالمىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىپ ئەھلىنى دىنغا دەۋەت قىلىپ ئاللاھنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تائىپقا چىقتى، لېكىن ئۇلار مەككە ئەھلىدىنمۇ بەكرەك نادان ئىدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاش-چالمىلارنى ئېتىپ تاپىنىنى قانغا بويىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىف قەبىلىسىدىكى تائىپنىڭ چوڭلىرىدىن بولغان ئىبنى ئەبدۇ يالىيل ئىبنى ئابدۇ كىلالنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرقىغا ئاۋاز قوشمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىپتىن غەمكىن ھالەتتە خامۇش بولۇپ مېڭىۋېرىپ «قەرنى سەئالىب» دېگەن جايدا ئېسىگە كەلدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا بىر بۇلۇتتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بار ئىدى، ئۇ: «بۇ تاغ پەرىشتىسى ساڭا سالام قىلىدۇ» دېدى، ئۇ پەرىشتە سالام قىلىپ: «ئاللاھ مېنى ساڭا ئەۋەتتى، ئەگەر سەن خالىساڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى تاغنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتەي» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇلايىم، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئېغىر بېسىق بولغانلىقى ئۈچۈن: «ياق، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماي ئىبادەت قىلىدىغانلارنى چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى، چۈنكى ئىككى تاغ كۆمتۈرۈلسە ئۇلار ھالاك بولاتتى. بۇ ئىش يۈز بەردى، ئاللاھ تائالا ئاشۇ زور ئەزىيەتلەر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازار يەتكۈزگەن مۇشرىكلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى چىقاردى